ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بىرتۇتاش تەلىم ـ تەربىيە قوللانمىسى

باشلانغۇچ 3 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# التوحيد

# تەۋھىد

## 3 ـ قىسىم

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# باشلانغۇچ 3- يىللىق

## 1- مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

# مۇندەرىجە


| بۆلەك | دەرس | تېمىلار |
|---|---|---|
| بىرىنچى بۆلەك: ئىسلام ئاساسلىرى | بىرىنچى | ئىسلام ئاساسلىرى |
| | ئىككىنچى | بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىش |
| | ئۈچىنچى | مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش |
| | تۆتىنچى | نامازنى تولۇق ئادا قىلىش |
| | بەشىنچى | (ئۆلچەمگە يەتكەن مالدىن) زاكات بېرىش |
| | ئالتىنچى | رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش |
| | يەتتىنچى | بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىش |

# 1- بۆلەك

# ئىسلام ئاساسلىرى

**بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار:**

- ئىسلام ئاساسلىرى
- بىر اللّٰە تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىش
- مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰە نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش
- نامازنى تولۇق ئادا قىلىش
- (ئۆلچەمگە يەتكەن مالدىن) زاكات بېرىش
- رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش
- بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىش

# 1- دەرس ئىسلام ئاساسلىرى

## مۇقەددىمە

ھەرقانداق بىنانىڭ ئۇلى ۋە ئاساسى بولغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭ ھەم بەش ئاساسى بار بولۇپ، بۇ كاتتا دىن مۇشۇ ئاساسلار ئۈستىدە تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بُنِي الإسلام على خَمْسٍ: شَهَادَةُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ وَإِقَامُ الصَّلاَةِ وَإِيتَاءُ الزَّكَاةِ وَصَوْمُ شَهْرِ رَمَضَانَ وَحَجُّ الْبَيْتِ» «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار: <بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ﷺ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسىدۇر> دەپ گۇۋاھلىق بېرىش؛ نامازنى تولۇق ئادا قىلىش؛ (ئۆلچەمگە يەتكەن مالدىن) زاكات بېرىش؛ رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش ۋە بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىش» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

بۇ ھەدىستە ئىسلامنىڭ بەش ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنغان. ئۇ ئاساسلارنى يۇقىرىقى ھەدىستىن تۆۋەندىكى جەدۋەلگە يۆتكەڭ.

## ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى

| 5 | 4 | 3 | 2 | 1 |
|---|---|---|---|---|
| .................. | .................. | .................. | .................. | .................. |
| .................. | .................. | .................. | .................. | .................. |
| .................. | .................. | .................. | .................. | .................. |
| | | | | .................. |
| | | | | .................. |
| | | | | .................. |

**بىرىنچى ئاساس: بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش**

بۇ بولسا ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ، ئىنسان ئىسلام دىنىغا پەقەت مۇشۇ ئىككى گۇۋاھلىق سۆزىنى چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ تۇرۇپ ھەقىقىي ئېتىقاندىلا ئاندىن كىرەلەيدۇ.

**ئىككىنچى ئاساس: نامازنى تولۇق ئادا قىلىش**

ناماز – ساق، كېسەل، مۇقىم، مۇساپىر، خاتىرجەم ۋە قورقۇنچلۇق ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە پەرز ئەيندۇر. كىچىك بالا نامازغا يەتتە ياشتىن ئون ياشقا كىرگەنگە قەدەر بۇيرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇمىسا ئاتا-ئانىسى ئۇنى نامازنى تولۇق ئادا قىلغانغا قەدەر ئەدەپلەيدۇ.

**ئۈچىنچى ئاساس: (ئۆلچەمگە يەتكەن مالدىن) زاكات بېرىش**

كىمنىڭ يېنىدا زاكات بېرىدىغان ئۆلچەمگە يەتكەن مال بولسا، ئۇ مالنىڭ زاكىتىنى اللّٰه كۆرسەتكەن بويىچە ئايرىپ، ئۇنى كەمبەغەل ۋە مىسكىنلەرگە ئوخشاش زاكاتقا لايىق بولغان كىشىلەرگە بېرىشى كېرەك.

**تۆتىنچى ئاساس: رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش**

ئۇ، شەرىئەت يېشىغا توشقان ھەربىر ئادەمگە پەرز ئەيندۇر. ساھابىلەر كىچىك باللارغا روزىنىڭ ئېغىر كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۇرەتتى. روزا ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە اللّٰه تىن قورقۇش ۋە ئىنسانلار ئارا مېھىر-مۇھەببەتنى مەھكەم ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

**بەشىنچى ئاساس: يولغا قادىر بولالىغان كىشىنىڭ اللّٰه نىڭ بەيتى ھەرەمگە بېرىپ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرز ئەيندۇر**

دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىكى مۇسۇلمانلار مەككىدە ئۇچرىشىدۇ ۋە ئېھرام باغلاش، كەئبىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىش، ئەرافاتتا توختاش ۋە شەيتانغا تاش ئېتىشقا ئوخشاش تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇلار بىر ماكان، بىر ۋاقىت ۋە بىرخىل كىيىمدە يېگانە رەببى اللّٰه قا ئىبادەت قىلىدۇ.

## مەشىق

بېرىلگەن مەزمۇنغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئاساسلارنى ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا يېزىڭ.

| مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مېھرىبانلىق ئاشكارا بولىدىغان ئاساسلار | مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە ئۆلپەتلىشىش ھاسىل بولىدىغان ئاساسلار |
|---|---|
| روزا | ........................................ |
| زاكات | ........................................ |

| مال چىقىم قىلىش ھاسىل بولىدىغان ئاساسلار | اللّٰه قا بولغان ئىخلاس روھىنى زىيادە قىلىدىغان ئاساسلار |
|---|---|
| ........................................ | ........................................ |
| ........................................ | ........................................ |

| سەۋر ۋە نەپسىگە قارشى تۇرۇشنى زىيادە قىلىدىغان ئاساسلار |
|---|
| ........................................ |
| ........................................ |

## سوئاللار

### 1 بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:

ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى:

1 .................... ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ .................................................. گۇۋاھلىق بېرىش،

2 ................................................................ ئادا قىلىش،

3 ئۆلچەمگە يەتكەن مالدىن ................................... ،

4 .......................................................... روزىسىنى تۇتۇش،

5 بەيتۇللاھقا .............................................................. .

### 2 ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىغا دەلىل كەلتۈرۈڭ:

........................................................................................................

........................................................................................................

........................................................................................................

........................................................................................................

........................................................................................................


........................................................................................................

........................................................................................................

........................................................................................................ .

# 2- دەرس
# بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىش

## مۇقەددىمە



پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مَنْ مَاتَ وَهُوَ يَعْلَمُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ دَخَلَ الْجَنَّةَ» «كىمكى <لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ>نى بىلگەن ھالىتىدە ئۆلگەن بولسا جەننەتكە كىرىدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

بۇ ھەدىسنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى پايدىلار:

..................................................................................................................

**بىرىنچى ئاساس: بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش**

اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ دەلىلى بولسا اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ «بىلگىنكى، اللّٰه تىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» (سۈرە مۇھەممەد 19-ئايەت).

اللّٰه تىن باشقا ئىبادەت قىلىشىمىزغا لايىق ھېچبىرى يوقتۇر چۈنكى اللّٰه يېگانە ياراتقۇچىدۇر، رىزىق بەرگۈچىدۇر، تىرىلدۈرگۈچىدۇر ۋە ئۆلتۈرگۈچىدۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ رَبُّكُمْ وَرَبُّ آبَائِكُمُ الْأَوَّلِينَ﴾ «ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالالايدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئىلگىرىكى ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» (سۈرە دۇخان 8- ئايەت).

بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى—بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقىي مەئبۇد يوقتۇر دېگەنلىكتۇر.

## سوئاللار

1 تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:

ئىسلامنىڭ بىرىنچى ئاساسى ........................................................................

...........................................................................................................

2 «بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقي ئىلاھ يوقتۇر» دېگەنلىكنىڭ مەنىسى نېمە؟

...........................................................................................................

...........................................................................................................

3 بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ دەلىلى نېمە؟

...........................................................................................................

...........................................................................................................

...........................................................................................................

...........................................................................................................

...........................................................................................................

...........................................................................................................

...........................................................................................................

...........................................................................................................

# 3- دەرس
# مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش

## مۇقەددىمە



ھەربىر نامازدىن ئىلگىرى مۇئەززىن ئەزان توۋلايدۇ، ئۇنداقتا بىر كىچە-كۈندۈزدە مۇئەززىن قانچە قېتىم مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟

### مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ مەنىسى:

مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ بەندىسى ۋە ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقىغا ھەمدە اللّٰه نىڭ ئۇنى ئىنسان ۋە جىنلارغا بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالەتتە ئىقرار قىلىش.

مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش بولسا تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر بەرگەن ئىشلارنى مۇتلەق تەستىقلاش،

2. پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىش ۋە توسقان ئىشلاردىن پۈتۈنلەي توختاش.

3. اللّٰه تائالاغا پەيغەمبەر ﷺ كۆرسەتكەن يول بويىچىلا ئىبادەت قىلىش، بۇنىڭغا اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ﴾ «مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس لېكىن (ئۇ) اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (اللّٰه ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)» (سۈرە ئەھزاب 40- ئايەت).

## مەشق

(ئا) قۇردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قۇردىكى مۇناسىپ ئىبارىگە تۇتاشتۇرۇڭ:

| (ئا) | (ب) |
|---|---|
| پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىش بولسا | ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ نېمەتلىرىدىن خەۋەر بەرگىنىگە ئۇخشاش |
| پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر قىلغان ئىشلاردا ئۇنى مۇتلەق تەستىقلاش بولسا | نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىشقا ئۇخشاش |
| پەيغەمبەر ﷺ توسقان ئىشلاردىن پۈتۈنلەي توختاش بولسا | رامىزاندا روزا تۇتقاندا ئىپتار قىلىشقا ئالدىراشقا ئۇخشاش |
| اللّٰه قا پەقەت پەيغەمبەر ﷺ كۆرسەتكەن يول بويىچىلا ئىبادەت قىلىش بولسا | ئوغرىلىق ۋە يالغانچىلىقتىن يىراق تۇرۇشقا ئۇخشاش |

## سوئاللار

**1 تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى بىرىنچى قۇردىكىدەك تولدۇرۇڭ:**

1. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى تەۋھىدكە بۇيرۇدى ۋە شېرىكتىن توستى.
2. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى .................................. بۇيرۇدى ۋە يالغانچىلىقتىن توستى.
3. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى اللّٰه قا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە .............................. دىن توستى.

**2 مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە دەلىل كەلتۈرۈڭ:** ........................................................................................

........................................................................................

**3 ئىسلامغا كىرىشكە پەقەت بىر اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىش كۇپايە قىلامدۇ؟**

........................................................................................

4- دەرس

# نامازنى تولۇق ئادا قىلىش

## مۇقەددىمە

ھەممىمىز پەرز قىلىنغان بەش ۋاق نامازنى تولۇق ئادا قىلىشقا قىزىقىمىز لېكىن قانداق قىلغاندا جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن نامازنى رەببىمىز بۇيرۇغاندەك توغرا ھالەتتە ئادا قىلالايمىز؟



## نامازنى ئادا قىلىشنىڭ مەنىسى:

پەرز قىلىنغان بەش ۋاق نامازنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ﷺ بايان قىلىپ بەرگەن سۈپەتلەر بىلەن ئادا قىلىش ئارقىلىق اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلىش.

پەرز قىلىنغان بەش ۋاق ناماز: بامدات، پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن. ھەربىر نامازنىڭ ئادا قىلىنىشى پەرز بولىدىغان ۋاقتى بار.

نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ﴾ «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار» (سۈرە بەقەرە 43- ئايەت).

تەپەككۇر قىلىش

تۆۋەندىكى سۆزلەر ناماز جەريانىدا ئوقۇلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى ئويلىنىش ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭ:

اللّهُ أَكْبَرُ، سُبحانَكَ اللّهُمّ رَبّنَا وَبِحَمْدِكَ، أَعُوذُ بِاللّهِ، بِسْمِ اللّهِ، الْحَمْدُ لِلّهِ، سُبْحَانَ رَبّيَ العَظِيمَ، سَمِعَ اللّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ، رَبّنَا لَكَ الْحَمْدُ، سُبْحَانَ رَبّيَ الأَعْلَى، رَبّ اغْفِرْلِي، التّحِيّاتُ لِلّهِ

## سوئاللار

1 ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسى نېمە؟

..................................................................................................................................

2 پەرز قىلىنغان نامازلار قانچە؟ ئۇلار قايسىلار؟

..................................................................................................................................

3 نامازنى ئادا قىلىشنىڭ مەنىسى نېمە؟

..................................................................................................................................

4 ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟

..................................................................................................................................

..................................................................................................................................

# 5- دەرس (ئۆلچەمگە يەتكەن مالدىن) زاكات بېرىش

## مۇقەددىمە

ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ مەلۇم مەبلەغ مېلىنى بەزى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ئابدۇللاھ دادىسىدىن بۇ توغرىسىدا سورىغانىدى، دادىسى: «بۇ مېلىمنىڭ زاكىتى» دېدى. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئۈچىنچى ئاساسىدۇر.



### زاكات بېرىشنىڭ مەنىسى:

ئومۇمىي مال-مۈلۈكنىڭ شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن مەلۇم قىسمىنى ئاجرىتىپ، ئۇنى كەمبەغەللەرگە ۋە مۇسۇلمان قۇللارنى ئازاد قىلىشقا ئوخشاش دىنىمىزدا زاكات بېرىشكە لايىق بولىدىغان كىشىلەر ۋە ئورۇنلارغا بېرىش ئارقىلىق اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشتۇر. بۇنىڭ دەلىلى اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ «اللّٰه نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» (سۈرە نۇر 56- ئايەت).

تەپەككۇر قىلىش

يۇقىرىقى ئايەت ئۈچ ئىشقا دەلىل بولىدى، بىز ئۇ ئىشلار سەۋەبلىك
اللّٰه نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇنداقتا ئۇلار قايسىلار؟

❶ .................................. ❷ .................................. ❸ ..................................

## مەشىق

تۆۋەندىكى ئايەتتە تىپىلغان ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭ:

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ وَنُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾ «ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز» (سۈرە تەۋبە 11- ئايەت).

## سوئاللار

1 ئىسلامنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى نېمە؟

..........................................................................................

2 زاكات بېرىشنىڭ مەنىسى نېمە؟

..........................................................................................

3 ئىسلامنىڭ ئۈچىنچى ئاساسىغا بولغان دەلىل نېمە؟..............................

..........................................................................................

4 بىز زاكاتنى كەمبەغەللەرگە نېمە ئۈچۈن بېرىمىز؟

..........................................................................................

# 6- دەرس رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش




## مۇقەددىمە

رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟

### روزا تۇتۇشنىڭ مەنىسى:

سۈبھى يورۇغاندىن باشلاپ، قۇياش تولۇق پاتقانغا قەدەر يېمەك-ئىچمەك، غەيۋەت ۋە ئۇلاردىن باشقا روزىنى بۇزىدىغان بارلىق قىلىقلارنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشتۇر.

روزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى» (سۈرە بەقەرە 183- ئايەت).

روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى: روزىنىڭ نۇرغۇنلىغان پايدىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن بىر قىسمى: ❶ روزا تەقۋالىققا سەۋەب بولىدۇ؛ ❷ روزا نەپسىلىرىمىزنى ئىتائەت قىلىشقا تەربىيىلەيدۇ ۋە سەۋرگە ئادەتلەندۈرىدۇ؛ ❸ روزا بىزگە كەمبەغەل ۋە مىسكىنلەرنى ئەسلىتىدۇ، ئاندىن بىز ئۇلارغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز.

## سوئاللار

1 زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىكى مۇسۇلمانلار پەرز روزا تۇتىدىغان ئاي قايسى؟

..........................................................................................................................

2 روزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى نېمە؟

..........................................................................................................................

..........................................................................................................................

..........................................................................................................................

..........................................................................................................................

3 تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇناسىپ بولغىنىنى تاللاپ تولدۇرۇڭ:

قۇرئان كەرىم     روزىدارلار     تەراۋىھ     دۇئا     قەدىر كېچىسى

1. مەن .................................. نى ئىپتار قىلدۇرىمەن چۈنكى ئۇنىڭدا كاتتا ئەجىر بار.

2. مەن رامىزاندا .................................. نامىزى ئوقۇيمەن.

3. مەن رامىزاندا .................................. نى كۆپ ئوقۇيمەن.

4. مەن ئىپتار قىلىش ۋاقتىدا .................................. نى كۆپ قىلىشقا تىرىشىمەن.

5. اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمنى .................................. دە نازىل قىلغان.

# 7- دەرس بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىش

## مۇقەددىمە

مۇسۇلمانلار بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىدىغان ئاي قايسى؟

.................................................................................................

مۇسۇلمانلار ھەج قىلىدىغان بەيتۇللاھ قەيەرگە ئورۇنلاشقان؟

.................................................................................................



**بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىشنىڭ مەنىسى:**

ھىجرىيە تارىخى بويىچە زۇلھەججە ئېيىدا ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككە-مۇكەررەمەگە بېرىش ئارقىلىق اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشتۇر. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلسا زۇلھەججە ئېيىدا مەككىگە بارىدۇ. ئۇ جەرياندا يول ئۈستىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ بەلگىلەپ بەرگەن چېگراغا كەلگەندە ئېھرام كىيىمى كىيىش، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش، سافا ۋە مەرۋەنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىش (يۈرۈش)، ئەرەفاتتا توختاش، مۇزدەلىفەدە قونۇش، شەيتانلارغا تاش ئېتىش، چاچ چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىشقا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەمەللەرنى ئۆتىشى پەرزدۇر.

ھەج قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا وَمَنْ كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾ «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ اللّٰه ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر» (سۈرە ئال ئىمران 97- ئايەت).

قوبۇل بولغان ھەجنىڭ اللّٰە نىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتى ئىنتايىن كاتتىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الْحَجُّ الْمَبْرُورُ لَيْسَ لَهُ جَزَاءٌ إِلاَّ الْجَنَّةَ» «توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتۇر»

(بۇخارى رىۋايىتى).

## سوئاللار

1 ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىنى يېزىڭ:

.......................................................................................................................

.......................................................................................................................

.......................................................................................................................

2 (ئا) قۇردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قۇردىكى مۇناسىپ ئىبارىگە تۇتاشتۇرۇڭ.

| (ئا) | (ب) |
| --- | --- |
| مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىدا | ھەج قىلىدۇ |
| مۇسۇلمانلار زۇلھەججە ئېيىدا | جەننەتتۇر |
| قوبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت | روزا تۇتىدۇ |

# مۇندەرىجە


| تېمىلار | دەرس | بۆلەك |
|---|---|---|
| ئىمان ئاساسلىرى | بىرىنچى | ئىككىنچى بۆلەك: ئىمان ئاساسلىرى |
| اللّٰه تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش | ئىككىنچى | |
| پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش | ئۈچىنچى | |
| كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش | تۆتىنچى | |
| پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش | بەشىنچى | |
| ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش | ئالتىنچى | |
| ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش | يەتتىنچى | |
| ئېھسان | سەككىزىنچى | ئۈچىنچى بۆلەك: ئېھسان |

# 2- مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

## 2- بۆلەك

# ئىمان ئاساسلىرى

بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار:

- ئىمان ئاساسلىرى
- اللّٰه تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش
- پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش
- كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش
- پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش
- ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش
- ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش
- ئېھسان

# 1- دەرس ئىمان ئاساسلىرى

## مۇقەددىمە

بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگەنگەن ئىدۇق، ئۇلارنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

1 ..................................................

2 ..................................................

3 ..................................................

4 ..................................................

5 ..................................................

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جىبرىئىل پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىمان توغرىسىدا سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «اَلْإِيمَانُ أَنْ تُؤْمِنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَبِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ» «ئىمان دېگەن اللّٰە قا، اللّٰە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەتكە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللّٰە نىڭ تەقدىرى (ئورۇنلاشتۇرۇشى) بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر»

(مۇسلىم رىۋايىتى).

تەپەككۇر قىلىڭ

ھەدىستىن ئىماننىڭ ئاساسلىرىنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا يېزىڭ:

ئىمان ئاساسلىرى

1. ........................................................
2. ........................................................
3. ........................................................
4. ........................................................
5. ........................................................
6. ........................................................

## سوئاللار

1 جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە كەلگەن بويىچە تۆۋەندىكى سۆزلەردىن مۇناسىپلىرىنى تاللاپ بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:

(اللّٰە قا-پەيغەمبەرلەرگە-پەرىشتىلەرگە-كىتابلارغا-اللّٰە نىڭ تەقدىرى - ئاخىرەت)

ئىماننىڭ ئاساسلىرى بولسا:

1. ........................................ ئىمان كەلتۈرۈش؛
2. ........................................ ئىمان كەلتۈرۈش؛
3. ........................................ ئىمان كەلتۈرۈش؛
4. ........................................ ئىمان كەلتۈرۈش؛
5. ........................................ كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش؛
6. ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ........................ بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش.

2 (ئا) قۇردىكى ئىبارىلەرنى (ب) قۇردىكى مۇناسىپ ئىبارىلەرگە تۇتاشتۇرۇڭ:

| (ئا) | (ب) |
|---|---|
| قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈش | پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكنىڭ قاتارىدىندۇر |
| جىبرىئىلگە ئىمان كەلتۈرۈش | ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكنىڭ قاتارىدىندۇر |
| جەننەت ۋە دوزاخقا ئىمان كەلتۈرۈش | كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكنىڭ قاتارىدىندۇر |

# 2- دەرس اللّٰه تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش

## مۇقەددىمە

- بىزنى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنى كىم ياراتتى؟
- بىزگە، ئاسماندىكى ئۇچارلىقلارغا ۋە سۇدىكى بېلىقلارغا كىم رىزىق بېرىدۇ؟
- بىز ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىرىگە دۇئا قىلمايدىغان زات كىم؟

**اللّٰه قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى:** اللّٰه تائالانى رۇبۇبىيەت، ئۇلۇھىيەت ۋە ئىسىم-سۈپەتلىرىدە بىر دەپ بىلىش.

**رۇبۇبىيەتتە اللّٰه نى بىر دەپ بىلىش دېگىنىمىز:** اللّٰه نىڭ كائىناتنى يارىتىش، رىزىق بېرىش، تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنى تەستىقلاشتۇر.

**ئۇلۇھىيەتتە اللّٰه نى بىر دەپ بىلىش دېگىنىمىز:** ناماز، تاۋاپ قىلىش، دۇئا ۋە قەسەمگە ئوخشاش ئىبادەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىنى پەقەت بىر اللّٰه قىلا جەملەپ قىلىشتۇر.

**اللّٰه نى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە بىر دەپ بىلىش دېگىنىمىز:** اللّٰه نىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى يوشۇرۇن مەنىلەرنى يۈكلىمەستىن، كۆپتۈرۈۋەتمەستىن ۋە ھەقىرلەشتۈرۈپ قويماستىن قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىدە كەلگەندەكلا ئەينەن ھالەتتە اللّٰه نىڭ ئۆزىگىلا تەستىقلاشتۇر.

**«ئىسىم» دېگەندىن مەقسەت** – اللّٰه نىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدۇر. مەسىلەن، السَّمِيع وَالبَصِير والعَلِيم والرَّحْمَن وَالعَظِيم. اللّٰه نىڭ بۇلاردىن باشقا ئىسىملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، اللّٰه گۈزەل ئىسىملارنىڭ ئىگىسىدۇر.

**«سۈپەت» دېگەندىن مەقسەت** – اللّٰه نىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدۇر. مەسىلەن، السَّمع وَالبَصَرِ والعِلْمِ والرَّحْمَةِ وَالعَظَمَةِ. اللّٰه نىڭ بۇلاردىن باشقا سۈپەتلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، اللّٰه نىڭ بۈيۈك سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسىدۇر.

بۇنىڭغا اللّە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ (56) مَا أُرِيدُ مِنْهُمْ مِنْ رِزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَنْ يُطْعِمُونِ (57) إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ (58)﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [56]. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن [57]. اللّە ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللّە نىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر [58]» (سۈرە زارىيات).

كىمكى رەببىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىماندا مۇستەھكەم تۇرسا، ئۇ ھەقىقەتەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. اللّە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ (30) نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنْفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ (31) نُزُلًا مِنْ غَفُورٍ رَحِيمٍ (32)﴾ ««شۈبھىسىزكى، <پەرۋەردىگارىمىز اللّە تۇر> دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: <قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار. بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (اللّە) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر> دەيدۇ [30-32]» (سۈرە فۇسسىلەت).

اللّە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «ئەر - ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز؛ ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» (سۈرە نەھل 97- ئايەت).

## سوئاللار

1. اللّە قا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچ ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟

..........................................................................................

2. اللّە قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ پەرزلىكىگە دەلىل نېمە؟

..........................................................................................

# 3- دەرس پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

## مۇقەددىمە

- پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى نىمە؟
- پەرىشتىلەرنىڭ ئىسىملىرى نىمە؟
- پەرىشتىلەرنىڭ ئەمەللىرى نىمە؟

بىز بۇ دەرستە مانا مۇشۇ مەزمۇنلارنى ئۆگىنىپ ئۆتىمىز.

**پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى:** بىز پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن بىلگەن نەرسىمىزنى ئىقرار قىلىمىز ۋە تەستىقلايمىز. ئۇلار نۇردىن يارىتىلغان بولۇپ، بىر اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىدۇ، بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت اللّٰه بىلىدۇ. جىبرىئىل ۋە مىكائىل ئەلەيھىسسالاملار ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

**ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرنىڭ كاتتا ئەمەللىرىنىڭ قاتارىدىن:**

❶ ۋەھيي ئېلىپ چۈشۈش – بۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەملى.

❷ سۇر چېلىش – بۇ ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەملى.

❸ ئەمەللەرنى يېزىش – بۇ خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەرنىڭ ئەملى.

بۇنىڭغا اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِما أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ﴾ «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه قا ۋە اللّٰه نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار): <اللّٰه نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)> دەيدۇ» (سۈرە بەقەرە 285- ئايەت).

## سوئاللار

1 پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى نېمە؟

...........................................................................
...........................................................................
...........................................................................

2 بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىڭ:

...........................................................................
...........................................................................
...........................................................................

3 بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىڭ:

...........................................................................
...........................................................................
...........................................................................

# 4- دەرس كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش

## مۇقەددىمە

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللهِ فَلَهُ حَسَنَةٌ، وَالحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا، لاَ أقول: ﴿ألم﴾ حَرفٌ، وَلكِنْ: أَلِفٌ حَرْفٌ، وَلاَمٌ حَرْفٌ، وَمِيمٌ حَرْفٌ». «قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشىگە بىر ياخشىلىق بولىدۇ، ھەربىر ياخشىلىققا شۇ ياخشىلىقنىڭ ئون ھەسسىگە باراۋەر ئەجىر بېرىلىدۇ. مەن <ألم> نى بىر ھەرپ دېمەيمەن چۈنكى <أَلِفٌ> بىر ھەرپتۇر، <لاَمٌ> بىر ھەرپتۇر، <مِيمٌ> بىر ھەرپتۇر».

اللّە ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ غا چۈشۈرگەن كىتاب قايسى؟

### كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى:

اللّە تائالا كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرگەن كىتابلارنى مۇتلەق تەستىقلاشتۇر. اللّە چۈشۈرگەن كىتابلارنىڭ قاتارىدىن:

1. اللّە تائالا قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ﷺ غا چۈشۈردى.
2. اللّە تائالا تەۋراتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈردى.
3. اللّە تائالا ئىنجىلنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈردى.

بۇنىڭغا اللّە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِما أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ﴾ «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللّە قا ۋە اللّە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار): <اللّە نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)> دەيدۇ». (سۈرە بەقەرە 285- ئايەت)

اللّە تائالانىڭ قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەنلىكى – بىزگە قىلغان رەھمىتىنىڭ قاتارىدىندۇر چۈنكى قۇرئاندا ھىدايەت، رەھمەت، شىپا ۋە ۋەز-نەسىھەت بار. اللّە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ﴾ «ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق» (سۈرە نەھل 89- ئايەت).

## سوئاللار

1 كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ دەلىلى نىمە؟

....................................................................................

....................................................................................

....................................................................................

2 (ئا) قۇرنى (ب) قۇردىكى مۇناسىپ ئىبارىگە باغلاڭ:

| (ئا) | (ب) |
|---|---|
| اللّە تائالا قۇرئان كەرىمنى | ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن |
| اللّە تائالا ئىنجىلنى | مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن |
| اللّە تائالا تەۋراتنى | مۇھەممەد ﷺ غا چۈشۈرگەن |

# 5- دەرس پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

## مۇقەددىمە

**ئىنسانلار ئىچىدىكى شېرىك تۇنجى بولۇپ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدە ئاشكارا بولغان. اللّٰه تائالا ئۇلارغا ھەقنى بايان قىلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن اللّٰه تائالا كىشىلەرنى غالىب، مەدھىيىگە لايىق زات اللّٰه نىڭ يولىغا چاقىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. مۇھەممەد ﷺ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى.**

**پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى:** ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئاخىرى مۇھەممەد ﷺ غىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزۈپ، ئامانەتنى ئادا قىلغانلىقىنى تەستىقلايمىز. قۇرئان كەرىم بىزگە ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ قەۋملىرى بىلەن بولغان قىسسىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق خەۋەر بەرگەن. بۇنىڭغا اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِما أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ﴾ «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه قا ۋە اللّٰه نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار): <اللّٰه نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)> دەيدۇ». (سۈرە بەقەرە 285- ئايەت)

پەيغەمبەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن: نۇھ، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۇسۇف، ئەييۇب، مۇسا، زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد (اللّٰه نىڭ سالامى ئۇلارغا بولسۇن). ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېگانە اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشقا چاقىراتتى. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: <اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار> دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» (سۈرە نەھل 36- ئايەت).

ئاللاھ تائالا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلدى، بەزىلىرىنى بايان قىلمىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِنْ قَبْلِكَ مِنْهُمْ مَنْ قَصَصْنَا عَلَيْكَ وَمِنْهُمْ مَنْ لَمْ نَقْصُصْ عَلَيْكَ﴾ «سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار» (سۈرە غافىر 78- ئايەت).

## سوئاللار

1. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى نىمە؟

..............................................................................................

..............................................................................................

..............................................................................................

..............................................................................................

2. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن مۇۋاپىق كەلگىنىنى تاللاپ بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:

(تەۋھىد، مۇھەممەد ﷺ، نۇھ ئەلەيھىسسالام، شىرىك)

- بارلىق پەيغەمبەرلەر.................. كە چاقىرىپ، .................. تىن توستى.
- پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلى.................................. .
- پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى..................................

# 6- دەرس ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

## مۇقەددىمە

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ھاياتى زىرائەتكارلىقتا ئوخشاشتۇر، ياخشى ئەمەل قىلغان كىشى ئەجرگە ئېرىشىدۇ، يامان ئەمەل قىلغان كىشى گۇناھقا لايىق بولىدۇ. ھەربىر يامان ئەمەلنىڭ جازاسى ئاخىرەت كۈنىدە ئېنىقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللّٰه تائالا جەننەتنى تەقۋادار كىشىلەرگە تەييارلىدى، دوزاخنى كاپىرلارغا تەييارلىدى.

### ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى:

ئۆلۈمدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان قەبرە نېئمەتلىرى ۋە ئازابلىرىدىن ئىبارەت بارلىق ئىشلارنى، كىشىلەرنىڭ ھېساب ئۈچۈن دۇنيادىكى ھالىتىگە ئوخشاش تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى، ياخشى-يامان ئاقىۋەتنىڭ جەننەتكە كىرىش ياكى دوزاخقا كىرىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى مۇتلەق ئىقرار قىلىمىز ۋە تەستىقلايمىز. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ﴾ «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ بەلكى اللّٰه قا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللّٰه نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ» (سۈرە بەقەرە 177- ئايەت).

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەربىر كىشىگە ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش اللّٰه بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش ھەمدە يالغانچىلىق ۋە ئاتا-ئانىنى قاقشىتىشقا ئوخشاش اللّٰه توسقان ئىشلارنى تەرك ئېتىش بىلەن ئاخىرەت كۈنىگە تەييارلىق قىلىش پەرزدۇر.

## سوئاللار

1 ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ دەلىلى نېمە؟

......................................................................................
......................................................................................
......................................................................................
......................................................................................
......................................................................................
......................................................................................

2 ئۆلۈمدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىككى ئىشنى سۆزلەڭ:

......................................................................................
......................................................................................
......................................................................................
......................................................................................
......................................................................................
......................................................................................

# 7- دەرس ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش

## مۇقەددىمە

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ﴾ «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ بەلكى اللّٰه قا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللّٰه نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ». (سۈرە بەقەرە 177- ئايەت)

بۇ ئايەت ئىمان ئاساسلىرىدىن بەش ئاساسقا دەلىل بولۇپ، ھەربىر ئاساسنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىڭ.

بۇ ئايەتتە كەلگەن ئاساسلار قايسى؟

..............................................................................................................

..............................................................................................................

**ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللّٰه نىڭ تەقدىرى (يەنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنىنى) بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى:**

يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىغانلىقىنى مۇتلەق ئېتىراپ قىلىمىز ۋە تەستىقلايمىز. بۇنىڭغا اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق» (سۈرە قەمەر 49- ئايەت).

مۇئمىن قىيىنچىلىق ۋاقتىدا سەۋر قىلىدۇ، ھەسرەتلەنمەيدۇ ياكى غەزەبلەنمەيدۇ. خۇشاللىق ۋاقتىلىرىدا شۈكۈر ئېيتىدۇ ۋە ھاكاۋۇرلۇق ياكى تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «عَجَبًا لِأَمْرِ الْمُؤْمِنِ، إِنَّ أَمْرَهُ كُلَّهُ خَيْرٌ، وَلَيْسَ ذَاكَ لِأَحَدٍ إِلَّا لِلْمُؤْمِنِ، إِنْ أَصَابَتْهُ سَرَّاءُ شَكَرَ فَكَانَ خَيْرًا لَهُ، وَإِنْ أَصَابَتْهُ ضَرَّاءُ صَبَرَ فَكَانَ خَيْرًا لَهُ» «مەن مۇئمىننىڭ ئىشلىرىدىن ھەيرانمەن. ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىدۇر لېكىن مۇئمىندىن باشقىلار ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭغا خۇشاللىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇنىڭغا قاتتىقچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر» (مۇسلىم رىۋايىتى).

## سوئاللار

1 ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى نېمە؟

.................................................................................................

.................................................................................................

.................................................................................................

.................................................................................................

2 اللّٰه نىڭ تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ دەلىلىنى سۆزلەڭ:

.................................................................................................

.................................................................................................

.................................................................................................

.................................................................................................

# 3- بۆلەك

# ئېھسان

بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار:

- ئېھسان

1- دەرس

# ئېھسان

## مۇقەددىمە

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پادىچىنى سىناشنى ئىرادە قىلىپ، پادىچىغا: «قويۇڭنى ماڭا سېتىپ بەر» دېدى. پادىچى: «بۇ مېنىڭ ئەمەس، خوجايىنىمنىڭ» دېگەندى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «خوجايىنىڭغا <قوينى بۆرە يەپ كەتتى> دېگىن» دېدى. پادىچى: «ئەجىبا اللّٰه ھەممىنى كۆرۈپ تۇرمامدۇ؟» دېگەندى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كەتتى ۋە ئۇ قۇلنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتتى ئاندىن: «بۇ سۆزۈڭ سېنى دۇنيادا ئازاد قىلدى، ئاخىرەتتە ھەم ئازاد قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى (تەبرانى رىۋايىتى).

### ئېھسانىنىڭ مەنىسى:

اللّٰه نى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىش، گەرچە اللّٰه نى سەن كۆرمىسەڭمۇ اللّٰه سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

مۇسۇلمان اللّٰه تائالانى لايىق رەۋىشتە ئۇلۇغلايدۇ، اللّٰه نىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ شۇڭا ئۇلار اللّٰه قا ئىتائەت قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ئېھسان توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «الإحسان أَنْ تَعْبُدَ الله كَأَنَّكَ تَرَاهُ فإن لم تكن تَرَاهُ فَإِنَّهُ يرَاكَ» «ئېھسان دېگەن، ئاللاھقا خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. چۈنكى سەن ئاللاھنى كۆرمىگەن بىلەن، ئاللاھ سېنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).

ئېھسان ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر:
﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ﴾ «اللّٰه ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە مۇھسىنلار بىلەن بىللىدۇر» (سۈرە نەھل 128- ئايەت).

مۇھسىن – ئېھسان قىلغۇچىدۇر، يەنى ھەممە ياخشى ئىشلارنى تولۇق قىلغۇچى ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن پۈتۈنلەي يانغۇچىدۇر.

**تەپەككۇر قىلىش**

روزىدار يېمەك-ئىچمەككە موھتاج تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا قادىر تۇرۇقلۇق نىمە ئۈچۈن يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ؟

.............................................................................................

.............................................................................................

## سوئاللار

1 ئېھساننىڭ مەنىسى نېمە؟

.............................................................................................

.............................................................................................

.............................................................................................

.............................................................................................

**تۆۋەندىكىلەردىن مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:**

(مەخپىي ئەمەسلىكىنى، ئاشلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى)

ئالىم نامىزىنى ياخشى ئوقۇدى چۈنكى ئۇ اللّه نىڭ ئۆزىنى ..................... ................................. بىلىدۇ.

ئۆمەر يالغان سۆزلىمەيدۇ چۈنكى ئۇ اللّه نىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنى ............ ...................................................بىلىدۇ.

ئەھمەد ئوغرىلىق قىلمايدۇ چۈنكى ئۇ اللّه قا ھېچ نەرسىنىڭ .............. ................................................ بىلىدۇ.